# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى باب  تاغ پەرىسى.................. 9

ٴىككىنچى باب  ٴايىقىزنىڭ سەرگۇزەشتىلىرى ... 23

ٴۇچىنچى باب  بوز ٴاتلىق كىشى ........... 33

تۆتىنچى باب  كۇچ سىنىشىشتىن كېيىن ... 56

بەشىنچى باب  كۇتۇلمىگەن ۋەقە ........... 73

ٴالتىنچى باب  سەنمۇ گۇۋاھ بول، قۇياش.....88

يەتتىنچى باب  شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چۇشى ... 105

سەككىزىنچى باب  ٴۇرۇمچى جاڭجۇڭى قان
سورايدۇ .................... 117

توققۇزىنچى باب  قوزغىلاڭ ھارپىسىدا ......... 130

ٴونىنچى باب  ٴون بالاغا بىر داۋا ......... 142

ٴون بىرىنچى باب  ٴۆز جازاسى ٴۆزىگە ......... 152

ٴون ٴىككىنچى باب  جەڭ ٴالدىدا ............... 159

ٴون ٴۇچىنچى باب  مەردنى مەيداندا سىنا ...... 179

ٴون تۆتىنچى باب  ۋاڭ ٴوردىسىدا بىر كېچە ... 196

ٴون بەشىنچى باب  ٴۇنداق قازانغا مۇنداق
چۆمۇچ .................... 206

ٴون ٴالتىنچى باب  يالقۇنتاغقا سوۋغا ........... 222

ئون يەتتىنچى باب سۇيىقەست ................ 231
ئون سەككىزىنچى باب ئۈچ ئاتلىقنىڭ جاسارىتى ... 242
ئون توققۇزىنچى باب «ئەرۋاھ» ................ 254
يىگىرمىنچى باب سۆزلەيدىغان تۇمار ......... 262
يىگىرمە بىرىنچى باب ئاقچۇق سېپىدا ........... 273
يىگىرمە ئىككىنچى باب جەڭدىن كېيىن ........... 292
يىگىرمە ئۈچىنچى باب «ئەۋلىيا»نىڭ ئۆلۈمى ...... 300
يىگىرمە تۆتىنچى باب توي، ئۈستىگە توي ......... 311
يىگىرمە بەشىنچى باب ياڭ جاڭجۈڭنىڭ پاراستى ... 343
يىگىرمە ئالتىنچى باب پاجىئەنىڭ باشلىنىشى ...... 353
يىگىرمە يەتتىنچى باب قاپقان................... 365
يىگىرمە سەككىزىنچى باب پاجىئەنىڭ ئاخىرى ......... 398
خاتىمە ................................ 435

## ئۈچىنچى باب

# بوز ئاتلىق كىشى

*قىرىسامىمۇ ئۆكۈزدەك بويۇنتۇرۇق بويىنۇمدا،*
*بالا ـ چاقام مەپتۇنى ھەم قۇلىمەن ئۆيۈمدە،*
*ئۆيۈم ـ مۈلكۈم، بار ـ يوقۇم بارماق بىلەن سانارلىق،*
*لېكىن، جاپا ساناقسىز، ئاتەشىندە يانارلىق،*
*جاپالاردىن نىتەيكىم، ماڭا نىجات يوق ئەسلا!*

— كىسائى①

*كەڭلىكنى سۆيگەن ئەقىل يۈرەكنى سىقار...*

— ئا. س. پۇشكىن

1

ئون نەچچە قەدەم نېرىدا بىر ئاتلىق كۆرۈندى. ئامانقۇل ئاپئاق ئايدىڭدا بوز ئاتنى تونۇپ: «دادا، دادا، قارىغىنا كىم كەپتۇ، ئىلدام بول» دېدى ــ دە، ئاتلىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. سەپەرقۇل

① 9 ـ ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى.

— ئەمسە، نېمشقا سەكسەن دەيسەن؟

— ئەللىككە ئوتتۇزنى قوشساق سەكسەن بولمامدۇ؟

— تولا هارامزادىلىك قىلما! — دېدى دەپتەرچى، بوۋاينىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ.

— هاي، هاي، بېگىم سەۋر قىلسىلا، — دېدى ئۇۋۋەيىس مۇپتى، — هەر ئىش بولسا شەرىئەت يولى بىلەن قىلغايمىز. قېنى تىلخەتنى ماڭا بەرسىلىچۇ.

هېسابچى تىلخەتنى ئۇۋۋەيىس مۇپتىغا ئىككى قوللاپ سۇندى. مۇپتى ئۇنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سەپەرقۇل، ئۆزىڭىز يۈز ئەللىك قويغا قەرزدار بولدۇم، كېلەر يىلى جەزمەن پاقلىنى بىلەن قوشۇپ تۆلەيمەن دەپ بارماق بېسىپ تىلخەت بېرىپتىكەنسىز، شاهىتلارمۇ هازىر ئىكەن، ئۆز گېپىدىن يانماق مۇسۇلمانغا جايىز ئەمەس. مانا قاراڭ.

مۇپتى ئورنىدىن تۇرۇپ، تىلخەتنى سەپەرقۇلغا كۆرسەتتى، هەقىقەتەنمۇ، موللامچە قىلىپ قومۇش قەلەمدە پۈتۈلگەن تىلخەتتە «1 لگ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «يۈز» دېگەن سۆز قىستاپ كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەپەرقۇل خەت ئوقۇيالمىسىمۇ، بۇ ئەهۋالنى دەرهال چۈشىنىپ «يالغان! ئەزبىرايى يالغان!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

— هەي قېرى تېجىمەل، — دەپ كايىپ كەتتى قېزىبەگ غوجا قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، — يۈرىكىڭ يوغىناپ، تىلىڭ ئۇزىراپ قاپتىغۇ. كىم ساڭا يەل بېرىۋاتىدۇ؟ تۆمۈر مۇجاڭمۇ؟ ئۇنىڭ پالتىسى هەرقانچە ئۆتكۈر بولغان بىلەن تاشنى يارالمايدۇ. ئۇر، بۇ خوتۇن تالاقنى!

نۆكەرلەر سەپەرقۇلنى شۇ زامان يېرىم يالىڭاچلاپ دۈم ياتقۇزدى ـ دە، پۈت ـ قوللىرىنى بېسىپ تۇردى. گايىت پاششاپ

چىلىك يەل بىلەن، پادىشاھلىق ئەل بىلەن» دەپتىكەن. چىڭگاك غوجامنىڭ شانۇشەۋكىتى يۇرتنىڭ تىنچ ــ ئامانلىقى ۋە ئاۋادانلىقى بىلەن بولمايدۇ، ئەل ــ يۇرتقا ئېغىرچىلىق سېلىش بىلەن بولغۇدەكمۇ! ئۆتكەن ئۇلۇغلار:

«رەئىيەتتىن①ئالما رىئايەت②قولىن،
رىئايەتكە تاپشۇر رەئىيەت يولىن.»

دېيىشكەن. ئەمىر ناۋائى ھەزرەتلىرى ھۇسەيىن بايقاراغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ بىرىدە:

«شاھ تىلەر بولسا شاھلىق قىلماق،
رەئىيەت كېرەكمەس ئايرىلماق.»

دېگەنىكەن.

—— قېرىبەگ غوجا ئورنىدىن چاچراپ قوپتى ــ دە، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ مۇنداق دېدى:

—— ئەمدى ئۆزلە چىڭگاك غوجامغا نەسىھەت قىلغۇدەك بولدىلامۇ؟ چىڭگاك غوجام ھەزرەتلىرى، ئىنشائاللا، ھېچكىمنىڭ نەسىھەتىگە موھتاج ئەمەس.

—— سەۋر قىلسىلا بېگىم، —— دېدى ھاشىر تەيجى ئۇنى باسقان بولۇپ، ئاندىن نوشىرۋان تەيجىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

—— ئۆزلە «رەئىيەت ــ پەئىيەت» دەپ نېمە قىلماقچى؟ ئۇلۇغ بېيجىڭ خان چىڭگاك غوجامغا قوۇمۇلنىڭ يېرىنى جاساق، خەلقىنى

---

① رەئىيەت —— پۇقرا، خەلق.
② رىئايەت —— رىئايە قىلماق، ھۆرمەت قىلماق.

تۇرغانلار كۆلۈشتى.
— ھە، مانا يۈز ئاچقىسىنىمۇ قىلدۇق، — دەپ داۋام قىلدى تۆمۈر خەلپە، — گەپ شۇ، قېرىنداشلار، خالىغىنىڭلار بىزگە قوشۇلۇڭلار، خالىمىغىنىڭلار قىلىڭلار، ھېچكىمنى زورلىمايمىز.
شەھەردىن چىققان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئېتىنى دېۋە-تىپ ئالدىغىراق چىقتى ـ دە، مۇنداق دېدى:
— سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ھەق. شامەخسۇتتىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا، جېنىمنىمۇ قۇربان قىلىمەن. شەھەردە قېلىپ، كۆندە مىڭ ئۆلۈپ يۈرگۈچە، ئاسمىنى كەڭ يەرنى تېپىپ، ۋاقتى كەلگەندە بىر ئۆلگەن ياخشى. قېنى، باشلا بۇرادەر، نەگە دېسەڭ بارىمەن.
توپ ئىچىدە غۇدۇر ـ غۇدۇر كۆپەيدى. قۇمۇل ۋە «بەش شار» تەرەپتىن كەلگەنلەردىن ئوتتۇز ـ قىرىقچە ئادەم، ئېھتىمال بالا ـ چاقىلىرىغا تارتىشقان بولسا كېرەك، بىر چەتكە ئايرىلىپ چىقىپ ھازىرچە تاغقا چىقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تۆمۈر خەلپە قارشىلىق قىلمىدى. سەيپۇڭ توختى ئوتتۇرىغا چىقىپ، زىل ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:
— قالىدىغانلار قورالىرىڭلارنى بىزگە بېرىڭلار، ئۇنى كۆتۈ-رۈپ يۈرسەڭلار، ئۆزۈڭلارغا بالا بولىدۇ.
ھېلىقى كىشىلەر قوراللىرىنى تاپشۇردى. شۇ ئارىدا ئامانقۇل قارىياغاچقا باغلاقلىق تۇرغان ھاجەر باقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ماۋۇ چوشقىنى ئىرىم قىلايلى» دەپ ئاتماقچى بولدى. توپ ئىچىدىن «ئات، ئات!» دېگەن سادالار ياڭرىدى. تۆمۈر خەلپە ئالدىراشلىق بىلەن «توختا!» دەپ ۋارقىرىدى ۋە:
— بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، شامەخسۇتقا بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى كىم يەتكۈزىدۇ؟ ھاجەر باقى بېگىمنىڭ ئۆزى بېرىپ ئېيتقىنى

ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلدى.

— ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن قىلمىز دېسىنا، تۆمۈر ئاكا، — دېدى قاسىم قىزىق، ھاجەر باقىنىڭ پۇت - قولىنى بېشىپ تۇرۇپ.

— قېنى ئەمىسە ماڭايلى قېرىنداشلار! — دېدى تۆمۈر خەلپە ئېتىنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە بۇراپ.

بالا - چاقىسىغا تارتىشىپ قالغانلار چاڭ - توزان توزدۇرۇپ كېتىۋاتقان قېلىن توپقا بىردەم قاراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى.

رەڭگىرويى گۆردىن ئېچىۋالغان ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن ھاجەر باقى قارىياغاچ تۈۋىدە ئۆزى يالغۇز قالدى.

نەۋ باھار ئەيىامى بولمش، مەن دىيارۇ يارىسىز،
بۇلبۇل ئۇلغاندەك خازان پەسلى گۇلۇ گۇلزارىسىز.
تالڭ ئەمەستۇر، گەردىيارۇ يارىسىز ئازۇردەمەن،
كى ئەمەس بۇلبۇل گۇلۇ گۇلزارىسىز، ئازارىسىز.
تاپمەدۇق گۇل رەڭگى جامى بىخۇمار، ئەي باغبان،
ۋەھكى، بۇ گۇلشەن ئارا گۇل پۇتمەس ئەرمىش خارىسىز.

گۇلقىز بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنەلمىسىمۇ، خۇددى كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىۋاتقاندەك، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ تاشلىغۇسى كەلدىيۇ، پۇجۇڭدىن قورقۇپ دېمىنى ئىچىگە يۇتقان پېتى يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. شۇ تاپتا خىيال قۇشلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەل ئېدىر تاغلىرىدا جەۋلان قىلاتتى، مېھرىبان ئاتا — ئانىسى، قوۋم — قېرىنداشلىرى ۋە بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان سۆيۈملۈكى راجى بالا كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ، قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى.
— ھەي تېجىمەل، شۇنچە قىچقارسام ئاڭلىمايسەنغۇ! ئېشەك قۇلىقىڭ پاڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ بىرنى تەپتى پۇجۇڭ.
شۇ چاغدىلا، گۇلقىز ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن دەس قوپتى — دە، قول باغلاپ تۇرۇپ «خوش خېنىم» دېدى.
— ماڭ، ئۇسسۇلۇق ئەكىر!

2

كۈنلەر ۋە ئايلار شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ بۇرۇنقى خاس دېدىكى زەينەپ «بۇ تېجىمەل نەدىنمۇ كەلدى» دەپ گۇلقىزغا رەشك قىلىپ، ئۇنى گەپتە چېقىۋېلىشقا تىرىشاتتى. باشقا دېدەكلەر «گۇلقىزدىن بىزنىڭ كۈنىمىز ياخشىراق، ھەرقانچە

بولغان بىلەن كېچىسى ئارامخۇدا ئۇخلىيالايمىز» دەپ ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىشاتتى. ھەقىقەتەنمۇ گۈلقىز شۇنداق ئەھۋالدا قالدى-كى، ئۇ ئەمدى ھەممە دەردلىرىنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ، شامەخ-سۇتنىڭ پوجۇك ئاغىچا قېشىدا پات – پات قونۇپ قېلىشىنىلا تىلەيدىغان بولغاندا، بۇ سۆزەڭگۈر ئايالنىڭ ئۇششاق گەپلىرىنى بىر كېچە بولسىمۇ ئاڭلىماي، ئۆزىگە ئوخشاش دېدەكلەر بىلەن ھال – مۇڭ قىلىشىشقا، يوتقانىنى چۈمكۈۋېلىپ بولسىمۇ، ئۆكسۈپ – ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئىچىنى بوشىتىۋېلىشقا پۇرسەت تېپىلغان بولاتتى. ئەمدى بولسا، ئەتىياز كىرىش بىلەن خۇددى قېرىشقاندەك، پوجۇك ئاغىچىنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالدى. شامەخ-سۇتمۇ پەقەت كۈندۈزلىرى كىرىپ ھال – ئەھۋال سوراپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

ئون ئۈچىنچى بابتا ئېيتىلغىنىدەك، شامەخسۇت تاغقا چېرىك چىقىرىش بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، پوجۇك ئاغىچى-نىڭ ئىستىمىسى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئۇيقۇسى كەلمەس بولۇپ قالدى.

ئوردا تېۋىپلىرى ئوتتۇرىغا تارتىلغان پەردىنىڭ بۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، پوجۇك ئاغىچىنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرىگە نېپىز داكا يې-پىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى ۋە تەكەللۇپ بىلەن بەزى گەپلەرنى سوراپ، ھەر خىل دورا – شەرۋەتلەرنى تەييارلاپ بەردى.

شىبەتەي بىلەن قىزىبەگ غوجا تۆت يۈز چېرىك بىلەن تاغقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شامەخسۇتنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ، ئەمدى پەقەت «غەلىبە» خەۋىرىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەتى-سى ئوردا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى خاتىرجەم ئوقۇپ بولۇپ، پوجۇك ئاغىچىسىنى يوقلاپ كىردى. پوجۇك قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. شامەخسۇت ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ، پوجۇكنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويدى.

رۇش بىلەنلا «بىزنىڭ باشلىقىمىز يى شىڭفۇ دېگەن مۇشۇ، ئۇ كىيىمنى يەڭگۈشلىۋاپتۇ» دېدى. تۆمۈر خەلپە باشلىق ھەممە يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىشتىنىغا قاراپ كۆلۈپ تاشلىدى. تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلغا قاراپ، «بۇنىڭغا چېقىلماي ئوبدان ساقلاڭلار، قورايغا ئېلىپ كېتىمىز» دېدى. ئاندىن، قالغان ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتلىرى بىلەن بارىكۆلگە قايتۇرۇۋەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، تۆمۈر ئاكا، — دېدى قارا بوسۇق ئاچچىق بىلەن.

— يىقىلغاننى تەپمەك يوق، — دەپ جاۋاب بەردى تۆمۈر خەلپە.

— ھېچبولمىسا، ئاتلىرىنى تارتىۋالساق بولماسمىدى؟ — دېدى ئامانقۇل.

— يولدا تىرىك ئۆلسۇن دەمسىلەر؟ ئەسكەر بولغانلاردا نېمە گۇناھ؟ — دەپ سوئال قويدى تۆمۈر خەلپە.

شۇ ئارىدا ئارقا تەرەپتىن «تاك» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. قارىغايغا باغلاپ قويۇلغان يى شىڭفۇ قانغا مىلىنىپ تۇراتتى.

— كىم ئاتتى؟ — دەپ ۋارقىرىدى تۆمۈر خەلپە.

— مەن ئاتتىم، — دېدى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— دادامنىڭ قىساسىنى ئالدىم. ئەلقىساسۇل مىنەلھەق دېگەن شۇ①.

---

① ئۆز غوجا ئەمەت — «تورپاق يىغىلىقى» نىڭ يولباشچىلىرىدىن تورپاق ئۆز غوجا غوجامنىيازنىڭ ئوغلى ئىدى، دادىسى شۇ يىغىلىقتا يى شىڭفۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆز غوجا ئەمەتنى شامەخسۇت نومغا پالاپ تاشلىغان. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى باشلانغاندا، ئۇ نوم زىندانىدىن قېچىپ كېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقانىدى.

قائىــده ــ يوسۇنلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ئورنى قالمىغا-
نىدى. چۈنكى، ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ نىكاھى بىرقانچە ئايلار
بۇرۇن ئوقۇلۇپ بولغان؛ قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ تويى
بولسا قىز توي ئەمەس، جۇگان تويى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
تۆمۈر خەلپە قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ
بولۇپلا، مەشرەپ باشلاشنى جاكارلىدى.

— بوسۇق ئاكامنىڭ چاچ چۈشۈرگۈسىنى قىلمايمىزمۇ؟ —
دەپ چاقچاق باشلىدى قاسىم قىزىق، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئەتراپ-
قا توپلاندى.

— ئۇستىراڭ ئۆتەمدۇ؟ — دېدى تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت.

— ئۇستىرام ئۆتمىسە، ھاشىر تەيجىنى سويۇشقا بىلەپ
قويغان پىچىقىم بار.

— شامەخسۇت ۋاكىنىچۇ؟ ئۇنىڭغا پىچىقىڭ ئۆتەمدۇ؟ —
دېدى ئېلى پالگان.

— ئۇنىڭغا قانداق پىچاق ئۆتىدۇ؟ ئۇنى جاڭگاللىقتا قوغلاپ
يۈرۈپ ئاتمىسا ئۆلەمدۇ؟

— ھوي، ئۇنى سەن ياۋا چوشقىغا ئوخشىتىپ قويدۇڭغۇ؟

— ئەمىسىچۇ! ياۋا چوشقا بولغاندىمۇ، تېرىسى تازا قېلىنلى-
شىپ كەتكەن قېرى قاۋان دېسلە.

— ئۇنــداق بولسا، ئۇنــى خوجىنىيــاز پالگان ئاتســا
بولغۇدەك، — دېدى ئامانقۇل.

— خوجىنىياز پالگانغا قويۇپ بەرسەك، چيەن دارىننى
ئاتقاندەك، بېشىغا ئاتماي، كۆزىگە ئېتىپ، قىسماق ئىشاندەك قىلىپ
قويارمىكىن! — دېدى قاسىم قىزىق.

— بولدى، بولدى، ئەمدى چاقچاقنى قويۇپ، مەشرەپنى
باشلايلى، — دېدى تۆمۈر خەلپە ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىپ.

چىمەن دەيلا، چىمەن دەيلا،
چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەيلا،
ئىشىكتىن تولغىنىپ چىقسام،
يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيلا.
يېڭى باغنىڭ گۈللىرى ئۆگزىلىرىدە تۇرسۇن،
مېنىڭ چاي تۇتقىنىم كۆڭۈللىرىدە تۇرسۇن.

مۇشۇ تەرتىپتە پەتنۇس بىلەن چاي تۇتۇپ، بېيىت ئېيتىش بىردەم داۋام قىلغاندىن كېيىن، پەتنۇسنىڭ ئورنىغا قولياغلىقنى ئۆرۈمە شەكلىدە تۈگۈپ، پوتا سېلىش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇسسۇلمۇ باشلاندى. شوخ پەدىلەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان داپلار-نىڭ قۇۋۋەتبەخش رىتىملىرى بىلەن ئايال ھاپىزلارنىڭ ياڭراق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، كۆڭۈللەرنى شۇنداق كۆتۈرۈۋەتتىكى، قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ گەۋدىسىمۇ ئۇسسۇلچى قىز ــ يىگىتلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ تەڭلا قىمىرلايتتى. كىشىلەر ئۆزىنى قارا چىراغ يېقىلغان ئۆيدە ئەمەس، چۆچەكلەردە ئېيتىلغان باغى ــ ھەرەملەردىكى ھۆر ــ غىلمانلار بەزمىسىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. بوۋاي ــ مومايلارنىڭمۇ ياشلىق باھارى قايتىپ كەلگەن-دەك، چىرايلىق گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. تۈننىڭ يېرىمى تۈگەپ، باش توخۇ چىللاۋاتقىنىنى ھېچكىم سەزمەيتتى.

«ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ھەمىشە شۇنداق خۇ-شال ــ خۇرام ئۆتىدىغان بولسىمىغۇ كاشكى، ھەركىم ئۆز پېشانە-سىدىن تۆككەن تەرگە تۇشلۇق ئاش ــ نېنىنى تېپىپ يېسە، بىرىنى بىرى ئانىي تېپىپ بوينىغا مىنىۋالىدىغان ئىشلار بولمىسا، ھەممىمىز ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ باللىرى بولغاندىن كېيىن، بىر ــ بىرىمىزنىڭ قېنىنى تۆكۈشمەي قېرىنداش بولۇپ ئۆتۈش-

دېگەن ناخشىمۇ چىقىپتۇ، تۆمۈر ئاكام باش بولمىسا، بىز تۆگىنىڭ مايىقىدەك چېچىلىپ كەتمەسمىدۇق. گەپ بولسا ئوچۇقراق ئېيتسىلا، مەن ھېچنېمىنى ئۇقالمايۋاتىمەن، — دېدى قارا بوسۇق بىر ئاز جىددىيلىشىپ.

— گەپ تولا ئۇكام، مەن ئۆزلەگە تالىق گەپلەرنى ئېيتمىدىم تېخى. ھەممىسىنى ئېيتىدىغان بولسام، كېچىچە ئۇخلىيالمايدىلا، خەير، ئۆزلەنى خۇدايىمغا ئامانەت! — سەيپۇلىڭ توختى ئورنىدىن قوپتى.

قارا بوسۇق ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ، كاڭنىڭ گىرۋىكىدە غاڭزىسىنى قاتتىق — قاتتىق شوراپ ئولتۇرغاندا، ھۆسنارىخان كەلدى. ئۇ، ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ئېرىنىڭ كۆڭۈل پەرىشانلىقىنى چۇشۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى چېغى، يېنىغا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ، ئاياللارغا خاس بىرخىل ناز بىلەن ئەركىلەپ، مۇنداق دېدى:

— ئەجەب شوراپ كەتتىلە بۇ غاڭزىلىرىنى. تاماكا دېگەن شۇنداق تاتلىق نېمىمۇ؟

قارا بوسۇق ئۇنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، مۇنداق دېدى:

مەست قىلغانمۇ تاماكا،
خەس قىلغانمۇ تاماكا،
چېچىلىپ كەتكەن كۆڭۈلنى،
يىغىۋالغان تاماكا.

دەپ، مۇشۇنداق ۋاقلاردا جىقراق شورىغۇم كېلىدۇ.

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ھۆسنارىخان، — موللىنىڭ بىسمىللاسىدىن بەلگىلىك دەپ، ئۇ رەزگى جوھوتنىڭ ئاغزى

چۆرىسىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن رەڭدار نەقىش ئىشلەنگەن قۇرئان ئىدىكى، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى.

— بۇ قۇرئان كەرىمنى جاڭجۇڭ جانابلىرى بۇلتۇر ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىلاردىن سوراتقۇزۇۋېلىپ ئۆزلەگە سوۋغات قىلدى، — دېدى لى شۇفۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قويۇن دەپتىرىدىن بىر پارچە قېلىن قەغەزنى چىقىرىپ، «جاڭجۇڭ جانابلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانىغا خەنزۇچە خەت يېزىلىپ قالمىغاي دەپ، بۇ مىنپەرنى ئايرىم ئەۋەتتى» دېدى. «مىنپەر» دېگىنى ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ۋە مەنسەپ ناملىرى بېسىلغان ئاتكىرىتكا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا «بۇ قۇرئان بۇرادىرىم تۆمۈرگە ھەدىيە» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. «بۇ ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئۆز قەلىمى» دەپ قوشۇپ قويدى لى شۇفۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن «ئۆزلەگە يازغان سالام خېتىمۇ بار» دەپ چوڭ سېرىق لېپاپىنى ئۇزاتتى، لېپاپقا «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن چىققان تۆمۈر باتۇرغا» دېگەن سۆزلەر چوڭ قىلىپ يېزىلغانىدى.

تۆمۈر خەلپە خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن...

— ياڭ جاڭجۇڭ، مېنى ئۇرۇمچىگە ئاچىقىپ نېمە قىلىدىكەن؟ — دېدى.

— چوڭ مەنسەپ بەرمەكچى، دارىن قىلماقچى، دارىن قىلغاندىمۇ، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ ئەمەس، قولىدا چېرىكى بار، دېسە گېپى ئۆتىدىغان، ئاتسا ئوقى يېتىدىغان دارىن قىلماقچى. بۇ خۇدايىمنىڭ ئۆزلەگە بەرگىنى، — دېدى لى شۇفۇ مولايىملىق بىلەن.

— ياق، مەن ئەل ـ يۇرتۇمدىن ئايرىلمايمەن. مىسىرنىڭ

پەرزەنتسىز ئۆتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. مەھرەم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— خۇدا يولىدا بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلسىڭىز، مۇرادىڭىز ھاسىل بولۇپ قالار، — دېدى.

قاسىم تۇگچى ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن پەرزەنتلىك بولۇپ ئەۋلادى قالىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن بىر گەپ ئېيتسام، سىز ساقلاشقا قەسەم ئىچەلەمسىز؟ — دېدى مەھرەم، قاسىم تۇگچىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— پەرزەنت توغرۇلۇقمۇ؟ — سورىدى قاسىم تۇگچى سەگەكلىشىپ.

— ھەئە، پەرزەنت توغرۇلۇق.

قاسىم تۇگچى چوقۇم سىر ساقلاشقا قەسەم ئىچتى. مەھرەم تۆمۈر خەلپىنىڭ باستى دېگەن نارسىدە بالىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش نىيىتىنى ئېيتىپ، «بۇنىڭدىن ئارتۇق ساۋاب ئىش بولمايدۇ. مەن بېرىپ، باستىنىڭ ئاپىسىغا ئېيتىپ قوياي دېسەم، تىل بىلمەيمەن» دېدى. قاسىم تۇگچى بۇ ئىشنى قىلىشقا ۋەدە بەردى.

ئۇلار قورايغا كەلگەندە، بەختكە يارىشا، قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇك توختى قوراينىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىدىكى قىزىلىيار دېگەن مەھەللىگە كەتكەنىكەن. قاسىم تۇگچى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆيىگە كىردى. زورىخان ئايلا كىچىككىنە باستىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئوردا كىشىلىرى قىياپىتىدىكى تۇگچىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. قاسىم تۇگچى ئىشىكنى ياپتى ـ دە، زورىخان ئايىلىغا مۇنداق دېدى:

— قورقمىسىلا! — مەن ئۆزلەگە يوجۇك بىر گەپنى ئېيتىپ

